# جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۇلۇغ ھەل قىلغۇچ جەڭ

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ئىنتىپاقلىق كۈچىنى مۇجەسسەملىگەندە، ھەممىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

## مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە يۈزلىنىش

**— مىڭ يىللىق ئارزۇ ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى، 100 يىللىق كۈرەشتە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىشتىكى ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى تېخىمۇ كۈچلۈك، مەزمۇت بولدى**

خۇاماۋ كەنتىدىكىلەر كۈلدى.

2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇيجۇ زۇنيىدىكى خۇاماۋ كەنتىگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، كەنت ئاھالىسى ۋاڭ جىچياڭنىڭ ئۆيىدە يۇرتداشلار بىلەن پاراڭلاشتى. كۆپچىلىك پارتىيەنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ ياخشىلىقىنى، كۈنلىرىنىڭ بارغانسېرى خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈۋاتقانلىقىنى خۇشال ھالدا بايان قىلدى. باش شۇجى مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىتىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىشتە، يۇرتداشلارنىڭ كۈلۈۋاتقان ياكى يىغلاۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك».

بۈگۈنكى كۈندە ۋاڭ جىچياڭ تىجارەت قىلىۋاتقان دېھقانلار ئارامگاھىغا كىرسىڭىز، ھويلا ئىشىكى ئالدىدىكى تەبەسسۇم تېمى كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ، تامغا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇرغان سۈرەتلىرى ئېسىلغان.

تەبەسسۇمنىڭ كەينىگە تۈپتىن ئۆزگەرگەن كېپىنەكسىمان ئۆزگىرىش يوشۇرۇنغان.

گۇيجۇ جۇڭگودىكى نامرات يادرولۇق رايونغا جايلاشقان، نامرات ناھىيە 66گە يېتىدۇ، 2012 ـ يىلى نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 26.8%كە يەتكەن.

مىسلىسىز جاپالىق جەڭ ئارقىلىق، 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، گۇيجۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىدىكى نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قاتاردىن چېكىنىپ چىقىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق بەلگىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يىرتىۋەتكەنلىكىنى جاكارلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش كۈچلۈك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۇرغۇتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇيجۇ چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق خاس كەسىپلەر ئارقىلىق كېيىن تەرەققىي قىلىش ئەۋزەللىكىنى يېتىلدۈرۈپ، جاسارەت بىلەن يېتىشىۋېلىپ ئېشىپ كېتىپ، تەرەققىيات يېڭى يولىنى ئاچتى. 2020 ـ يىلى، گۇيجۇنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئۇدا ئون يىل مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ، شۇنداقلا ئۇ چوڭقۇر جەمئىيەت ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلدى.

بۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن چوڭقۇر ئۆزگىرىش ——

ئىلگىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنى ئەندىشە قىلدۇرغان سىچۇەن لياڭشەندىكى «تىك قىيا كەنتى»نىڭ كەنت ئاھالىلىرى ئاخىر 2000 نەچچە بالداقلىق پولات شوتىدىن مېڭىپ چۈشۈپ، «نامراتلىق چوڭ تېغى»دىن ئۈزۈل ـ كېسىل ھالقىپ ئۆتتى.

يۈننەن نۇجياڭ دەرياسى، لەنساڭجياڭ دەرياسىدىكى 36 ئاسما ئارقان كۆۋرۈككە ئۆزگەرتىلىپ، شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ «دەريادىن ئۆتكەندە ئاسما ئارقانغا تايىنىش» تارىخى كەلمەسكە كەتتى.

نىڭشيا گۇيۈەن شەھىرىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى تەڭشەش ـ ساقلاش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ سۇ يەتكۈزۈلدى، ئىلگىرى «جۇڭگودىكى ئەڭ قاقاس جاي» دېگەن نامى بار شىخەيگۇ رايونى تەدرىجىي ھالدا سۇ بايلىقى كەمچىل بولۇش بىلەن خوشلاشتى.

بىرمۇبىر ھالقىشلار، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر.

خۇابېي تۈزلەڭلىكىدىن غەربىي جەنۇب چېگرا رايونلىرىغىچە، دابيېشەن تاغلىق رايونىدىن چىنبانىڭ ئېگىزلىكىگىچە، تۇجيا ـ مياۋزۇ كەنتلىرىدىن قارلىق ئېگىزلىكلەرگىچە، ئىلگىرىكى نامرات ناھىيە، نامرات كەنتلەردىكى ئۆيلەر يېڭىلاندى، سەپەرگە چىقىش قولايلاشتى، مۇھىت گۈزەللەشتى، نامى چىقتى.

سەككىز يىلدىن بۇيان، نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇلدى، ھەممە كەنتتە داۋالاش ئۆيى سېلىندى، مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز 108 مىڭ مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى، 9 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق نامرات نوپۇس باشقا جايغا كۆچۈرۈلۈش ئارقىلىق قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇلدى، توك ئىشلىتىش قىيىن بولۇش، خەۋەرلىشىش قىيىن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

سەككىز يىلدىن بۇيان، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، نامرات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە بىرقەدەر تېز ئېشىش ساقلاندى، خاس كەسىپلەر، يېزا ـ كەنت ساياھىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، تېخىمۇ كۆپ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ھەقىقىي بايلىققا ئايلاندى؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2015 ـ يىلىدىكى 2982 يۈەندىن 2020 ـ يىلىدىكى 10 مىڭ 740 يۈەنگە كۆپىيىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 29.2% بولدى.

بۇ، يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتىدىغان چوڭقۇر ئۆزگىرىش ——

سەنشىنىڭ داتۇڭ شەھىرى يۈنجۇ رايونى فاڭچېڭ يېڭى كەنتى باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن كەنت بولۇپ، 2018 ـ يىلى كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان، جوخارگۈل خاس كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارغا تايىنىپ نامراتلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلدى.

2020 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، كەنت ئاھالىسى بەي گاۋشەننىڭ ئۆيىگە كىردى.

بەي گاۋشەننىڭ ئوغلى بەي لىجۈن باش شۇجىغا، يېڭى كەنتكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ ياردىمىدە كەسپىي تەربىيەلەش مەكتىپىدە ئوقۇپ، كەپشەرلەش ئىشچىسى بولغانلىقىنى، بۇلتۇر 40 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

«ھازىر باشقا كەنتتىكى قىزلار بۇ يەرگە ياتلىق بولۇشنى خالايدىغاندۇ؟» دەپ سورىدى باش شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ.

«شۇنداق بولدى! بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، باشقىلارمۇ كېلىشنى خالايدىغان بولدى. ئوغلۇم ئەسلىدە ئىنچىل بويتاق ئىدى، بۇلتۇر ئۆيلەندى، بۇ يىل بىز نەۋرىلىك بولدۇق.» بەي گاۋشەن كۈلكىدىن ئېغىزىنى يۇمالماي قالدى.

بۇ بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىگە قاراپ، باش شۇجى مۇنداق سورىدى: «بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ يەنە قانداق ئۈمىدىڭلار بار؟»

«كۈنلىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى بەي گاۋشەن.

«چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ! تېخىمۇ ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا!» باش شۇجىنىڭ سۆزى ئۆي ئىچىنى كۈلكە ساداسىغا تولدۇردى.

كۈلكە ساداسىدىن نامراتلىققا ياق دېيىشكە جۈرئەت قىلىدىغان جاسارەت، كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ تەقدىرنى ئۆزگەرتىدىغان قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتا ئەڭ مۇھىمى ئىرادە، پەقەت ئىرادە، ئىشەنچ بولسىلا، ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان يوق».

سەككىز يىلدىن بۇيان، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش نامرات ئائىلىلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئارزۇسىنى يالقۇنجىتىپ، نامرات كەنتلەرنىڭ ھازىرقى زامان قارىشى، بازار ئېڭىنى ئۇرغۇتتى، نامرات ئاممىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى قوزغىتىلدى، ئىجادىيەت ھاياتىي كۈچى قويۇپ بېرىلدى، غەيرەت ـ جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يېپيېڭى قىياپەت نامايان بولدى.

بۇ، مىللەتنىڭ يېڭى روھىنى پۈتىدىغان چوڭقۇر ئۆزگىرىش ——

2018 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، سىچۇەن چېڭدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، سۆز قىلغاندا بىر پارچە كەلگەن خەتنى تىلغا ئالدى.

بۇنى جۇڭگو تۆمۈريول تونېلى ئىدارىسى گۇرۇھىنىڭ چېڭدۇ ـ كۇنمىڭ تۆمۈريولىنىڭ فۇنكسىيەسىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان 20دىن ئارتۇق ياش پارتىيە ئەزاسى يېزىپ ئەۋەتكەنىدى. خەتتە دېيىلىشىچە، ئۇلار ئالدىنقىلارنىڭ بايرىقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭ ـ چېڭدۇ ـ كۇنمىڭ تۆمۈريولىدىكى ئومۇمىي لىنيەسى ئەڭ ئۇزۇن، قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان شياۋشياڭلىڭ تونېلىنى قۇرۇش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، تۆمۈريولنى بالدۇرراق لىنيە بويىدىكى خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى «تېزلەتكۈچ»كە ئايلاندۇرۇشقا ئىرادە تىكلىگەن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «ئۇلاردىن كەلگەن خەت ماڭا ياش بىر ئەۋلادنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ساداقەتلىكىنى ھېس قىلدۇردى، ئوقۇپ ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم».

يۈگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك ئىرادىنى تىكلەپ، مىللەت روھى گۈلىنى سۇغىرىپ ئېچىلدۇرۇش. بۇ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئالىدىغان، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بوشاشماي كۈرەش قىلىش روھى، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولىدىغان ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش روھى، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان، بوشاشماي كۈرەش قىلىدىغان ئىگىلمەس ـ سۇنماس روھ.

يىللار ھامان ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، لېكىن مەنىۋى شام كەلگۈسىنى يورۇتىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ياڭراق خىتابنامە ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ئورتاق تىرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئىشنى بىرلىكتە تاماملايلى».

جۇڭگونىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش تەدبىرى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان شانلىق سەھىپە بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس مۇنداق قارىدى: جۇڭگونىڭ تەجرىبىسى باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ لائوسقا زىيارەتكە بارغاندا، ئەينى چاغدىكى لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى بېنياڭ بىلەن سەممىي سۆھبەتتە بولدى.

بېنياڭ مۇنداق دېدى: لائوسنىڭ يېزا ئىگىلىك تەبىئىي شارائىتى بىرقەدەر ياخشى، ئەمما مەبلەغ ۋە تېخنىكا جەھەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىك ساھەسىنى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىدىكى نۇقتىلىق ساھە قىلساق بولىدۇ، جۇڭگو لائوسنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە لائوس دېھقانلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەرسە بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا، بېنياڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خۇنەن شياڭشەندىكى شىبادۇڭ كەنتى، فۇجيەن نىڭدېدىكى شياچى كەنتىدە زىيارەتتە بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن ئىزلارنى بويلاپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئەمەلىيىتىنى ھېس قىلدى. «جۇڭگولۇق يولداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى ئىنتايىن قىممەتلىك، بىز جۇڭگولۇق يولداشلارنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنى لائوسقا ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك» دېدى بېنياڭ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا نامراتلار سانىنى ئازايتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىدا بېكىتىلگەن نامراتلار سانىنى ئازايتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ.

كەلگۈسىگە يۈزلەنسەك، گۈزەل مەنزىرە چەكسىز.

باش باھاردىكى لوتوۋەن كەنتىدە، قۇياش نۇرى پارلاپ تۇراتتى، 75 ياشلىق كەنت ئاھالىسى تاڭ زۇڭشيۇ ھەمراھى چېن دېيىن بىلەن پاراڭلاشقاچ ھويلىسىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتى.

ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، بىر ئۆمۈر ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ھەپىلەشكەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن كەنتتىكى پۇقراۋى قونالغۇدا «خىزمەتچى»گە ئايلاندى. «مەن تازىلىق ئىشچىسى، ئۇ ئەخلەت توشۇشقا مەسئۇل، ئىشىمىز جاپالىق ئەمەس، تاپىدىغان پۇلىمىزمۇ خېلى كۆپ» دېدى تاڭ زۇڭشيۇ.

كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى گۇ رۇيلى مۇنداق دېدى: «باش شۇجى لوتوۋەن كەنتىگە كەلگەندە ‹ئىشەنچ بولسىلا، سېرىق توپىمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ› دېگەنىدى. بىز باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا داۋاملىق كۈرەش قىلىمىز».

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالپاقنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى تۇرمۇش، يېڭى كۈرەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان تارىخىي ئۆتكەلدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش پۈتۈن پارتىيە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك چوڭ ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە».

«ھاللىق سەۋىيەگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكتە مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك»تىن، «مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە، يېزا ـ كەنتلەرنى جەزمەن گۈللەندۈرۈش كېرەك»كىچە، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە، ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇرغىسى يەنە بىر قېتىم ياڭرىدى.

چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئۇزۇن يول يوق.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە شانلىق نەتىجىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭخۇا مىللىتى، سەلتەنەتلىك سەھىپىلەرنى پۈتكەن جۇڭگو خەلقى ئىلگىرىلەش يولىدا مۇقەررەر يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ!

**(مۇخبىرلار چېن ئېرخوۋ، جاۋ چاۋ، دۇڭ جۈن، خوۋ شۇجېڭ، يۈ ۋېنجېڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىسلاھاتقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش جياڭ زېمىن، يولداش خۇ جىنتاۋ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئېلان قىلىپ، پارتىيەنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى شانلىق مۇساپىسى، نەزەرىيە نەتىجىلىرى، قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە ئۇلۇغ روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى. پارتىيەمىز پات ئارىدا 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدۇ، پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىپ ۋە چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل ۋە كۈچ قوبۇل قىلىشىمىزدا، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشىمىز، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بايانلاردىن ئۈزۈندە»دە جەمئىي 141 بۆلەك بايان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش جياڭ زېمىن، يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ سۆزى، دوكلاتى، سۆھبىتى، تەستىقىي يوليورۇقى ۋە خېتى قاتارلىق مۇھىم ھۆججەت، ماتېرىياللاردىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن بايانلار تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

ئاپتونوم رايون «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

# شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسىنى ياخشى قۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىش، ياخشى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئىككى يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» سۇپىسىدا ئۆگىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى، كېيىنكى باسقۇچتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى تەشۋىقات، يېتەكلەشتىكى ئاساسىي بازا، ئاساسىي يول، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى «ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىسىگە تېز كىرگۈزۈش»كە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسىنى ياخشى قۇرۇش، ياخشى ئىشلىتىش، ياخشى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەشۋىقات ئىدىيە سېپىنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى قۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆگىنىش سۇپىسى تەھرىر بۆلۈمىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، ماقالە بىلەن تەمىنلەش زەنجىرى ـ يولى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مۇھىم، زور باش تېمىنى چۆرىدەپ ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىش كېرەك. كۆپ نۇقتىدىن كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، باش تېمىنى ئۆگىنىش بازىسى قۇرۇپ، تۈرلۈك ئۆگىنىش، ئىشلىتىش پائالىيەتلىرىنى يېڭىلىق ياراتقان ھالدا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى» ئۆگىنىش سۇپىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسى، تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلدى

# پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

ئانار بولۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، مەملىكەتلىك تەشكىلات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ يىللىق تەشكىلات خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى لى يىفېي يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تەشكىلات خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئارقىلىق تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىشى، كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي سادىقلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ سىياسىي ئىقتىدارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەشكىلىي سىستېمىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك؛ سىياسىي ئۆلچەمنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساپا، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كەسىپلەشكەن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش كېرەك؛ سىياسىي يېتەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيەنى سۆيۈپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىدىغان، شىنجاڭغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى توپلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.